ۋارىسلىق قىلىش توغرىسىدا، ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىدىكى بۇ يېڭى بەلگىلىمىلەرنى چۈشىنىۋېلىشىڭىز زۆرۈر

ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىغا نەزەر . دېلو ئارقىلىق قانۇن چۈشەندۈرۈش

☐ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى سۈن شاۋلۇڭ، بەي ياڭ، خۇاڭ ئەنچى

ۋارىسلىق قىلىش تەبىئىي شەخس ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىگە ۋارىسلىق قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، مىڭلىغان ـ ئونمىڭلىغان ئائىلىگە چېتىلىدۇ. 2021 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى رەسمىي يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، 1985 ـ يىلدىن باشلاپ يولغا قويۇلغان ۋارىسلىق قانۇنىنىڭ ئورنىنى ئالىدۇ. مىراسنى مۇۋاپىق باشقۇرۇشتىن، مىراس ماجىراسىنى ئازايتىشقىچە، ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنىڭ ۋارىسلىق قىلىش قىسمىدا بىر قاتار يېڭى بەلگىلىمىلەر چىقىرىلدى.

سىنغا ئېلىنغان ۋەسىيەت، پىرىنتېردا بېسىلغان ۋەسىيەت قاتارلىق ۋەسىيەت شەكلى ئېتىراپ قىلىندى

[دېلو مىسالى] جاڭ Xنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۈچ پەرزەنتى بولۇپ، 2013 ـ يىلى ئاتىسى ئالەمدىن ئۆتكەن، ۋەسىيەت قالدۇرمىغان، 2015 ـ يىلى ئانىسى ئالەمدىن ئۆتۈشتىن ئىلگىرى، ئىككى يېقىن دوستىنىڭ گۇۋاھلىقىدا، سىنغا ئېلىش شەكلى بىلەن ۋەسىيەت قالدۇرۇپ، ئۆزى ئاغرىپ قالغان مەزگىلدە جاڭ Xنىڭ ئىنچىل كۆڭۈل قويۇپ ھالىدىن خەۋەر ئالغانلىقى، شۇڭا بىر يۈرۈش ئۆي ـ مۈلكنى جاڭ Xكە قالدۇرۇشنى، ئامانەت قويغان 120 مىڭ يۈەننى جاڭ Xنىڭ ئىككى ئاچىسىغا قالدۇرۇشنى قارار قىلغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

جاڭ Xنىڭ ئىككى ئاچىسى سىنغا ئېلىش شەكلىدىكى ۋەسىيەتنامىنى كۈچكە ئىگە ۋەسىيەت ئەمەس، ئاتا ـ ئانىنىڭ مىراسىنى قانۇندا بەلگىلەنگەن ۋارىسلىق قىلىش ئۇسۇلى بىلەن بۆلۈش كېرەك، دەپ قارىغان.

[قانۇن چۈشەندۈرۈلۈشى] ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنىڭ 1137 ـ ماددىسىدا مۇنداق بەلگىلەندى: ئۈنگە ئېلىش، سىنغا ئېلىش شەكلىدە قالدۇرۇلغان ۋەسىيەتكە ئىككىدىن ئارتۇق كىشى نەق مەيداندا گۇۋاھ بولۇشى كېرەك. ۋەسىيەت قىلغۇچى ۋە گۇۋاھچىلار چوقۇم ئۈن ۋە سىنغا ئېلىش جەريانىدا ئۆزىنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى ياكى سۈرىتىنى ھەمدە يىل، ئاي، كۈننى خاتىرىلىشى كېرەك.

ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ۋارىسلىق قانۇنىدا سىنغا ئېلىش، پىرىنتېردا بېسىش قاتارلىق شەكىلدىكى ۋەسىيەتنىڭ قالدۇرۇلۇش شەكلى ۋە تەلىپى ئايدىڭلاشتۇرۇلمىغان، ئەمەلىيەت جەريانىدا نۇرغۇن تالاش ـ تارتىش مەۋجۇت، ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىدا سىنغا ئېلىش، پىرىنتېردا بېسىش قاتارلىق شەكىلدىكى ۋەسىيەتنىڭ قالدۇرۇلۇش شەكلى ۋە تەلىپىگە قارىتا ئۆلچەم چىقىرىلىپ، ئۇنىڭ قانۇنىي كۈچى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى.

بېيجىڭ تەبىئىي پەن ۋە سانائەت پەنلىرى داشۆسى قانۇن شۆيۈەنى ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى تەتقىقات مەركىزىنىڭ مۇدىرى مىڭ چياڭ مۇنداق بىلدۈردى: ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ۋارىسلىق قانۇنى بىر قەدەر بالدۇر يولغا قويۇلغان، سىنغا ئېلىش، پىرىنتېردا بېسىش قاتارلىق تېخنىكا ۋاسىتىلىرى ئەينى چاغدا تېخى ئومۇملاشمىغان، بۇ قېتىمقى تۈزىتىش كىرگۈزۈش ۋە تولۇقلاش ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنىڭ دەۋر تەرەققىياتىغا بولغان ئىنكاسىنى تولۇق نامايان قىلدى.

ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقىدىن ئۆتكەن ۋەسىيەتنىڭ كۈچى ئەمدى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلمايدۇ

[دېلو مىسالى] لى بوۋاي ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەننىڭ ئىككى ئوغلى، ئىككى قىزى بولۇپ، ئۇلار ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن ئىلگىرى بىر پارچە ۋەسىيەتنامىنى ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقىدىن ئۆتكۈزۈپ، مال ـ مۈلكنى تۆت پەرزەنتىگە تەڭ تەقسىم قىلىپ بەرگەن. ئەمما، ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن ھاياتىنىڭ ئاخىرقى بىرقانچە يىلىدا ئىنچىل كىچىك ئوغلىنىڭ ئۆيىدە تۇرغان، كىچىك ئوغلى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ھالىدىن كۆڭۈل قويۇپ خەۋەر ئېلىپ، بېقىش مەجبۇرىيىتىنى تولۇق ئادا قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن ئالەمدىن ئۆتۈشتىن ئىلگىرى يەنە بىر پارچە يازما ۋەسىيەتنامە قالدۇرۇپ، مال ـ مۈلكىنىڭ يېرىمىنى كىچىك ئوغلىغا بۆلۈپ بەرگەن، بۇ ۋەسىيەتنامە كۈچكە ئىگەمۇ؟

[قانۇن چۈشەندۈرۈلۈشى] رېئال تۇرمۇشتا بىر ئادەم كۆپ قېتىم ۋەسىيەت قالدۇرىدىغان ئەھۋال دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ، گەرچە ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ۋارىسلىق قانۇنىدا ئەڭ ئاخىرقى بىر پارچىسىنى ئاساس قىلىش بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقىدىن ئۆتكۈزۈلگەن ۋەسىيەت بولسا، ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقىدىن ئۆتكۈزۈلگەن ۋەسىيەت ئاساس قىلىنىدۇ. ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىدا بۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈپ، ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقىدىن ئۆتكۈزۈلگەن ۋەسىيەتنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش توغرىسىدىكى بەلگىلىمە چىقىرىۋېتىلدى.

ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنىڭ 1142 ـ ماددىسىدا مۇنداق بەلگىلەندى: ۋەسىيەت قالدۇرغۇچى ئۆزى قالدۇرغان ۋەسىيەتنى بىكار قىلسا، ئۆزگەرتسە بولىدۇ. ۋەسىيەت قالدۇرغاندىن كېيىن، ۋەسىيەت قالدۇرغۇچى ۋەسىيەت مەزمۇنىنىڭ ئەكسىچە ھەق تەلەپ قانۇن ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانغان بولسا، ۋەسىيەتكە ئالاقىدار مەزمۇنلارنى بىكار قىلدى، دەپ قارىلىدۇ. بىرقانچە ۋەسىيەت قالدۇرغان، مەزمۇنى بىر ـ بىرىگە زىت بولسا، ئەڭ ئاخىرقى ۋەسىيەت ئاساس قىلىنىدۇ.

«ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقىدىن ئۆتكۈزۈلگەن ۋەسىيەتنىڭ كۈچىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىنى چىقىرىۋېتىش ۋەسىيەت قالدۇرغۇچىنىڭ ھەقىقىي ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىشنى گەۋدىلەندۈردى» دېدى شاڭخەي چەت ئەل تىللىرى داشۆسى قانۇن شۆيۈەنىنىڭ دوتسېنتى خۇاڭ چى.

مىراس باشقۇرغۇچى تۈزۈمى كىرگۈزۈلدى

[دېلو مىسالى] دېڭىز مەھسۇلاتلىرى تىجارىتى قىلىۋاتقان ۋاڭ ئەپەندى تۇيۇقسىز قاتناش ھادىسىسىگە ئۇچراپ قازا قىلغان، ئۇنىڭ مىراسى ئىسكىلاتتا ساقلانغان نەچچە تونna ئالىي دەرىجىلىك دېڭىز مەھسۇلاتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ۋاڭ ئەپەندىنىڭ دەپنە ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىۋاتقان مەزگىلدە، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن خوتۇنى ئوتتۇرىسىدا مىراسنى بۆلۈشۈشتە ئىختىلاپ كۆرۈلگەن، ئىسكىلاتتىكى دېڭىز مەھسۇلاتلىرىنى باشقۇرىدىغان ئادەم بولمىغاچقا، يېرىمىدىن كۆپرەكى سېسىپ، ئېغىر زىيان بولغان.

[قانۇن چۈشەندۈرۈلۈشى] ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىغا مىراس باشقۇرغۇچى تۈزۈمى كىرگۈزۈلۈپ، تۈرلۈك ئەھۋالدا مىراس باشقۇرغۇچىنى تاللاپ تەيىنلەش توغرىسىدا ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، مىراس باشقۇرغۇچىنىڭ مەجبۇرىيىتى ھەم ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيىتى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. مىراس باشقۇرغۇچىنىڭ مۇرەسسە قىلىشى ھەرقايسى تەرەپلەر ئارىسىدىكى تالاش ـ تارتىشنى ئۈنۈملۈك ئازايتىپ، كۆپ مەنبەلىك مىراس تەقسىملەش ئېھتىياجىنى قاندۇرىدۇ، جەمئىيەت مۇقىملىقىغا پايدىلىق.

«خەلق ئاممىسىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە بېيىشىغا ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن قالدۇرغان مىراسلىرىنىڭ تۈرى، ساندا كۆرۈنەرلىك كۆپىيىش ۋەزىيىتى كۆرۈلدى. جۇڭگو خەلق داشۆسى قانۇن شۆيۈەنىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ يى مۇنداق دېدى: مىراس باشقۇرغۇچى تۈزۈمى ئارقىلىق كەسپىي ئاپپارات ۋە كەسپىي زاتلارنى كىرگۈزۈپ، شۇ ئارقىلىق مىراسقا ۋارىسلىق قىلىشنى تېخىمۇ راۋان ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىلگىرى ۋارىسلىق قىلىش جەريانىدا ساقلانغان بەزى زىددىيەت ۋە توقۇنۇشلارنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلغىلى بولىدۇ.

ۋارىسلىق قىلىشتا «ئەپۇ قىلىش تۈزۈمى» قوشۇلدى

[دېلو مىسالى] شياۋجاڭ ئاتا ـ ئانىسىغا ۋاپادار بولمىغان، ئاتا ـ ئانىسىنى بېقىش مەجبۇرىيىتىنى تولۇق ئادا قىلمىغان بولغاچقا، ئاتا ـ ئانىسى ۋەسىيەت قالدۇرغاندا شياۋجاڭنى ۋارىسلار قاتارىغا كىرگۈزمىگەن. لېكىن ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، شياۋجاڭ ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى تونۇپ، يېڭىباشتىن ئادەم بولۇپ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ھالىدىن كۆڭۈل قويۇپ خەۋەر ئالغان، ئاتا ـ ئانىسى شياۋجاڭنى ئەپۇ قىلىشنى قارار قىلغان، ئۇنداقتا شياۋجاڭنى قايتىدىن ۋارىسلار قاتارىغا كىرگۈزۈشكە بولامدۇ؟

[قانۇن چۈشەندۈرۈلۈشى] بۇ قېتىمقى ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىدا ۋارىس تۇرغۇزۇشتىكى بىر گەۋدىلىك ئالاھىدىلىك شۇكى، ۋارىسلارغا قارىتا «ئەپۇ قىلىش تۈزۈمى» تەسىس قىلىندى. ۋارىسنىڭ ۋارىسلىق ھوقۇقىدىن مەھرۇم قېلىشىدىكى بەش خىل قىلمىشى كۆرسىتىلىش بىلەن بىللە، ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىدا مۇنداق بەلگىلەندى: «ۋارىستا ئالدىنقى تارماقنىڭ 3 ـ تۈردىن 5 ـ تۈرگىچە بولغان قىلمىش بار بولۇپ، ھەقىقەتەن خاتالىقىنى تونۇپ تۈزىتىش ئىپادىسى بولسا، مىراس قالدۇرغۇچى ئەپۇ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن بولسا ياكى كېيىنكى ۋەسىيەتتە ئۇنى ۋارىسلار قاتارىغا كىرگۈزگەن بولسا، بۇ ۋارىس ۋارىسلىق ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولمايدۇ».

«‹ئەپۇ قىلىش تۈزۈمى› تەسىس قىلىنىشتىكى مەقسەت ئىناق ئائىلە مۇناسىۋىتىنى قوغداش.» ۋاڭ يى مۇنداق قارىدى: «ئەپۇ قىلىش تۈزۈمى» بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئەدلىيە ئىنزاھاتىدا ئېتىراپ قىلىنغان، ئەدلىيە ئەمەلىيىتىدىكى ئۈنۈمىمۇ ناھايىتى ياخشى بولغان، بۇ تۈزۈم ئەمەلىيەتتە ۋارىسقا خاتالىقىنى تۈزىتىپ يېڭىباشتىن ئادەم بولۇش پۇرسىتى بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، مىراس قالدۇرغۇچىنىڭ ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىدىغان قائىدە لايىھەسىنىمۇ گەۋدىلەندۈرىدۇ.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان)

10907 مېتىر !

«خەيدوۋ 1 ـ نومۇر» ناملىق پۈتۈن دېڭىز چوڭقۇرلۇقى چۆككۈسى 10 مىڭ مېتىرلىق دېڭىز سىنىقىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىدى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، شېنياڭ، 6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان (مۇخبىرلار ۋاڭ يىڭ، باۋ يۇخەن) دېڭىز ئاستىغا رىشتە باغلاپ، چوڭقۇر دېڭىزغا تەلپۈنۈش. 40 نەچچە كۈندە، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى شېنياڭ ئاپتوماتلاشتۇرۇش تەتقىقات ئورنى رىياسەتچىلىك قىلىپ تەتقىق قىلىپ ياسىغان «خەيدوۋ 1 ـ نومۇر» ناملىق پۈتۈن دېڭىز چوڭقۇرلۇقتا ئۆز ئالدىغا يىراقتىن كونترول قىلىنىدىغان چۆككۈ 6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى «تەنسو 1 ـ نومۇر» ناملىق ئىلمىي تەكشۈرۈش پاراخوتىغا سېلىنىپ شەرەپ قۇچۇپ قايتىپ كەلدى.

«خەيدوۋ 1 ـ نومۇر» بۇ قېتىم مارىئانا دېڭىز جىلغىسىدا تۇنجى قېتىم 10 مىڭ مېتىرلىق دېڭىزغا چۆكۈش سىنىقى ۋە سىناق خاراكتېرلىك ئەمەلىي قوللىنىش ۋەزىپىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىدى، ئەڭ چوڭ چۆكۈش چوڭقۇرلۇقى 10 مىڭ 907 مېتىر بولۇپ، دۆلىتىمىز چۆككۈسىنىڭ ئەڭ چوڭ چۆكۈش چوڭقۇرلۇقى رېكورتىنى يېڭىلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، دۆلىتىمىزنىڭ 10 مىڭ مېتىرلىق دېڭىز ئاستى مەشغۇلاتى تىپىدىكى ئادەمسىز چۆككۈ بوشلۇقىنى تولدۇردى.

بۇ قېتىمقى دېڭىز سەپىرىدە، «خەيدوۋ 1 ـ نومۇر» مارىئانا دېڭىز جىلغىسىدا تۆت قېتىم 10 مىڭ مېتىر چوڭقۇرلۇققا چۆكۈش، يۇقىرى ئېنىقلىقتا چوڭقۇر تەكشۈرۈپ ئۆلچەش، مېخانىك قول مەشغۇلاتى، ئاكۇستىكىلىق تەكشۈرۈپ ئۆلچەش ۋە ئورۇن بەلگىلەش، يۇقىرى ئېنىقلىقتىكى سىن يوللاش قاتارلىق جەھەتلەردە دۆلىتىمىزنىڭ چۆككۈ ساھەسىدىكى كۆپ تۈردە بىرىنچىلىكنى قولغا كەلتۈردى.

تەكشۈرۈپ ئۆلچەش ۋە مەشغۇلات قىلىش بىر گەۋدە قىلىنغان 10 مىڭ مېتىر چوڭقۇرلۇققا چۆكۈش ئۇسكۇنىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، «خەيدوۋ 1 ـ نومۇر» دۆلەت ئىچىدە تۇنجى قېتىم پۈتۈن دېڭىز چوڭقۇرلۇقىدا يۇقىرى ئېنىقلىقتىكى ئاكۇستىكىلىق ئورۇن بەلگىلەش تېخنىكىسى بىلەن چۆككۈگە ئورۇنتىلغان كۆپ خىل سېنزور ئۇسكۇنىسى ئۇچۇرلىرىنى بىرىكتۈرۈش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، «جەڭ ئېلان قىلغۇچىلار چوڭقۇر ھاڭى»نىڭ ئەڭ چوڭقۇر رايونىنى چارلاپ تەكشۈرۈپ ئۆلچەش ۋە يۇقىرى ئېنىقلىقتىكى چوڭقۇر ئۆلچەشنى تاماملاپ، بىر قاتار سانلىق مەلۇمات ماتېرىياللىرىغا ئېرىشتى.

«خەيدوۋ 1 ـ نومۇر» پەن ـ تېخنىكا مىنىستىرلىقىنىڭ «13 ـ بەش يىل»لىق دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق تەتقىق قىلىپ ئېچىش پىلانىدىكى «چوڭقۇر دېڭىز ئاچقۇچلۇق تېخنىكىسى ۋە ئۇسكۇنىسى» نۇقتىلىق مەخسۇس تۈردىكى تۈر تۇرغۇزۇپ قوللاش تۈرى بولۇپ، ئۇنى شېنياڭ ئاپتوماتلاشتۇرۇش تەتقىقات ئورنى دۆلەت ئىچىدىكى ئەۋزەللىككە ئىگە ئون نەچچە ئورۇن بىلەن بىرلىشىپ ئورتاق تەتقىق قىلىپ ياساپ چىققان. 2016 ـ يىلى 7 ـ ئايدا تۈر قوزغىتىلغاندىن كېيىن، «خەيدوۋ 1 ـ نومۇر» ئىككى يېرىم يىللىق ئاچقۇچلۇق تېخنىكا ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋە سىناق قىلىپ دەلىللەشنى باشتىن كەچۈرۈپ، 2019 ـ يىلى تەجرىبىخانىدا ئومۇميۈزلۈك قوراشتۇرۇش، بىرلەشمە تەڭشەش، كۆلچەكتە سىناق قىلىش، چيەنداۋخۇ كۆلىدە سىناق قىلىش ۋە نەنخەي دېڭىزىدىكى 4500 مېتىرلىق باسقۇچلۇق دېڭىز سىنىقىنى تاماملىدى. 2020 ـ يىلى، يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى تارقالدى، «خەيدوۋ 1 ـ نومۇر»نى تەتقىق قىلىپ ئېچىش كوللېكتىپى تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، 4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى «تەنسو 1 ـ نومۇر»لۇق ئىلمىي تەكشۈرۈش پاراخوتىغا ئولتۇرۇپ مارىئانا دېڭىز جىلغىسىغا بېرىپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە دېڭىز سىنىقى ۋە سىناق خاراكتېرلىك ئەمەلىي قوللىنىش ۋەزىپىسىنى يۇقىرى ئۈنۈمدە تاماملىدى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

مۇستەھكەم ئىشەنچ، جەزمەن غەلىبە قىلىش ئېتىقادى بىلەن پارتىيەگە ئەگىشىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش داغدام يولىدا باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە. ئۇلار يەڭنى تۈرۈپ، قول سېلىپ ئىشلەپ، قەدەمنى چوڭ ئېلىپ، نامراتلىق يىلتىزىنى يۇلۇپ تاشلاپ، بېيىش يولىغا ئاتلىنىپ، تامچە ـ تامچە ئەمگەك تەرى بىلەن ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت بەختىيار تۇرمۇشنى سۇغارماقتا...

بۈگۈندىن باشلاپ، گېزىتىمىزدە «نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش. بىرىنچى سەپتىكى سىمالار» ئىستونى ئېچىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش مۇساپىسىدە بارلىققا كەلگەن ئىلغار شەخسلەرنىڭ ئىش ئىزلىرى قېزىلىپ، ئۇلارنىڭ باشقىلارنىڭ ئالدىدا مېڭىشقا جۈرئەت قىلىدىغان، توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان، قەيسەرلىك بىلەن ئىشلەيدىغان روھىي قىياپىتى نامايان قىلىنىپ، جانلىق ئۇسلۇب بىلەن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى كوللېكتىپ ئوبرازلار سۈرەتلىنىپ، نامراتلىققا قارشى جەڭ قىلىش روھى تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا جۇلالاندۇرۇلۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش ئۈچۈن قۇدرەتلىك كۈچ توپلىنىدۇ.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«1+1+N» بويىچە ياردەم بېرىپ، يېتەكلەپ، پارتىيە ياچېيكىسى كۈچلۈك قىلىپ قۇرۇلدى

2018 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، ئۈرۈمچى تاموژنىسى ليۇ گاڭنى شەرافەدى كەنتىگە 1 ـ شۇجى قىلىپ تاللاپ ئەۋەتتى.

بەنزە بوشاڭ، چېچىلاڭغۇ، ئىجرا قىلىش كۈچى ئاجىز بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەرگە قارىتا، ليۇ گاڭ «1+1+N» ياردەم بېرىش، يېتەكلەش تەدبىرىنى قوللىنىپ، كەنتتە تۇرۇشلۇق ھەربىر كادىردىن بىر كەنت كادىرى بىلەن قوشاقلىشىپ ياردەم بېرىش، يېتەكلەش، بىر كادىر ئۈچتىن تۆتكىچە پارتىيە ئەزاسى بىلەن ئالاقە باغلاپ ياردەم بېرىش، يېتەكلەشنى تەلەپ قىلىپ، بىرگە بىر، بىرگە كۆپ بولغان ياردەم بېرىش، يېتەكلەش مەسئۇلىيەتنامىسى ئىمزالىدى. چارۋىچىلار كەچلىك مەكتىپىدىن پايدىلىنىپ، كەنت كادىرلىرىنى نەزەرىيە، سىياسەت ئۆگىنىش بويىچە تەربىيەلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتتى؛ پارتىيە نىزامنامىسى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيەلەش، باشقۇرۇش خىزمىتى نىزامى بويىچە، پارتىيەنىڭ تەشكىلىي تۇرمۇشىنى دائىملاشتۇردى، قېلىپلاشتۇردى؛ كەنت كادىرلىرىنىڭ ياش قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ، مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈردى؛ كەنتتىكى پارتىيەلىك كادىرلارنىڭ ھەرىكەت ئۆلچىمى، كەنت قائىدىسى ئاھالىلەر ئەھدىنامىسى قاتارلىق 26 تۈرلۈك قائىدىنى ئورنىتىپ ۋە تاكامۇللاشتۇرۇپ، كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلەرنى قېلىپلاشتۇرۇپ يۈرۈشتۈرۈشى ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشىنى ئىلگىرى سۈردى.

2018 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، شەرافەدى كەنتى بىراقلا نامراتلىق قالپىقىنى ئېلىۋەتتى. كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 2017 ـ يىلىدىكى 6673 يۈەندىن 2019 ـ يىلى 9275 يۈەنگە يېتىپ، ئېشىش نىسبىتى 39% بولدى.

كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى دۆلەتمەمەت رېيىسك ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «ھازىرقى كەنت ‹ئىككى كومىتېت›ى بەنزىسىدىن ئاما بارغانسېرى رازى بولدى».

نامرات كەنت ئاھالىلىرى كىرىمنى مۇقىم ئاشۇردى

شەرافەدى كەنتى پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى غەربىي كۇئېنلۇن تاغ تىزمىسىغا جايلاشقان بولۇپ، قاتتىق سوغۇق بولىدۇ، ئوكسىگېن كەمچىل، مۇھىتى ناچار، يېرى ئۈنۈمسىز بولغاچقا، نامراتلىق يۈزبېرىش نىسبىتى يۇقىرى ئىدى. بۇ پايدىسىز ئامىللار ئالدىدا، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا قانداق قىلىش كېرەك؟

خىزمەت ئەترىتى ۋە كەنت «ئىككى كومىتېت»ى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىپ تۇتۇپ، مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنى ھەر جەھەتتىن ماسلاشتۇرۇپ، 94 نامرات ئائىلىدىكى 116 ئەمگەك كۈچى ئۈچۈن چېگرا قوغدىغۇچىسى، ئوتلاق قوغدىغۇچىسى قاتارلىق ئىش ئورۇنلىرىنى پائال قولغا كەلتۈرۈپ، پۈتۈن كەنتتىكى ھەممە ئائىلىنىڭ پۇل تېپىش يولى بولۇش، ھەر ئايدا كىرىمى بولۇشتەك ياخشى ۋەزىيەتنى ئىشقا ئاشۇردى. 2018 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى 183 ئائىلىلىك چارۋىچىنىڭ ھەممىسى پاكىز، بىخەتەر تۇرۇبا سۈيى ئىشلىتەلەيدىغان بولدى.

شەرافەدى كەنتىدىكى چارۋىچىلارنىڭ سىجىل مۇقىم كىرىمگە ئىگە بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، جەزمەن يېڭى كەسىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك.

ۋەچە يېزىسىدىكى «پەنلۇڭ قەدىمىي يولى» دوۋيىن، كۇەيشوۋ قاتارلىق يېڭى تاراتقۇلاردا قىزغىن ئالقىشلاندى. 30 كىلومېتىردىن ئاشىدىغان ئايلانما تاغ يولىدا 600دىن ئارتۇق ئەگىم بار بولۇپ، ساياھەتچىلەرنى كۈچلۈك ھاياجانغا سالىدىغان سېھرىي كۈچكە ئىگە بۇ تۇتاش ئەگىملەر بىر بۆلەك قىسقا سىن فىلىمدە نەچچە يۈز مىليون قېتىم چېكىلىپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە توردا ئالقىشلانغان كۆرگۈچىلىكى بار تاشيولغا ئايلاندى. لېكىن بەزى ساياھەتچىلەر تاماق يەيدىغان، دەم ئالىدىغان جاي تاپالماي، كەلگەن يولى بىلەن قايتىشقا مەجبۇر بولاتتى.

بۇنىڭ ئۈچۈن، كەنتتە «‹پەنلۇڭ قەدىمىي يولى›دا مېڭىش، سۇلۇق يەر باغچىسىنى سەيلە قىلىش، چارۋىچىلار ئارامگاھىدىن ھۇزۇرلىنىش»تىن ئىبارەت ساياھەت تەرەققىيات نىشانى بېكىتىلدى. بۇ يىل 3 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا، بۇ كەنت كۆلىمى 180 مو كېلىدىغان «شەرافەدى سۇلۇق يەر باغچىسى» قۇردى، نامرات ئائىلىلەر تىجارەت قىلىدىغان توققۇز ساياھەت كىگىز ئۆيى ياسىدى، ئۆز كەنتىدە ئات بەيگىسى، ئوغلاق تارتىش ئەترىتى تەشكىللىدى.

2020 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، ليۇ گاڭ ئۆزى مەبلەغ توپلاپ كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ كوللېكتىپ پارنىكىدىن ئىككىنى ئۆزگەرتىپ، «گۈل نېمىشقا شۇنچە قىزىل» شەرافەدى گۈل ـ گىياھ كەسپى بويىچە ئۆلگە كۆرسىتىش باغچىسى بەرپا قىلدى. 5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، يېتىشتۈرۈلگەن تۇنجى تۈركۈمدىكى گۈل ـ گىياھلار سېتىلىپ تۈگىدى.

پۈتۈن كۈچى بىلەن كەنت ئاھالىلىرىگە ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىلدى

ليۇ گاڭ توردىن پارنىكتا كۆكتات تېرىش تېخنىكىسىنى ئۆگىنىپ، چارۋىچىلارغا پارنىكتا كۆكتات تېرىشنى قولمۇقول ئۆگەتتى، كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ ئاشخانىسىنى ئوقۇتۇش، تەربىيەلەش دەرسخانىسى قىلىپ پايدىلىنىپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك قۇرۇلمىسىنى ياخشىلىدى. قىش پەسلىدە تېمپېراتۇرا تۆۋەن بولۇش، كەنت ئاھالىلىرى ئاسان ئۈششۈپ قېلىش ئەھۋالىغا قارىتا، ليۇ گاڭ ۋۇخەن خۇايۈەن تەيكاڭ بىيو پەن ـ تېخنىكا شىركىتى بىلەن ئالاقىلىشىپ، كەنت داۋالاش ئۆيىگە 100 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى 1000 قاپ ئۈششۈك يارىسى مەلھىمى ئىئانە قىلغۇزۇپ، ئۈششۈك يارىسى بار كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ھەقسىز ئىشلىتىشىگە بەردى.

كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى يەنە بىر كۆزنەكلىك خەلققە قولايلىق مۇلازىمەت زالى قۇردى، كەنت ئاھالىلىرى بۇ يەردە ئاز سوممىلىق پۇل ئامانەت قويۇش ـ ئېلىش، قىممەت تولۇقلاش، توردىن مال سېتىۋېلىش، تېز يەتكۈزۈش قاتارلىق خەلققە قولايلىق كەسپلەرنى بېجىرەلەيدۇ، كەنت ئاھالىلىرى بۇ زالنى يېقىملىق قىلىپ «بىر قېتىملا قاترايدىغان زال» دەپ ئاتاشتى.

2019 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، ليۇ گاڭ ئۈرۈمچى تاموژنىسىنىڭ 190 مىڭ يۈەن مەبلەغ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆيلىرىنى رېمونت قىلدۇرۇپ بەردى؛ قۇياش ئېنېرگىيەلىك تام چىرىغىدىن 115نى سېتىۋېلىپ ئورناتقۇزۇپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كېچىدە ھويلىسىنى يورۇتۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى.

ئۈچ يىلدىن بۇيان، ليۇ گاڭ ئۈرۈمچى تاموژنىسى ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەدىن 1 مىليون 417 مىڭ 200 يۈەن مەبلەغنى قولغا كەلتۈرۈپ، شەرافەدى كەنتىگە 11 كىلومېتىر ئاسفالت يول ياساپ بەردى، 4.5 كىلومېتىر توك يولىنى ئۆزگەرتتى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆيلىرىنى رېمونت قىلدۇردى، مېھىر ـ شەپقەت جۇغلانما نومۇر تاللا بازىرى، بەخت قورۇسى قاتارلىقلارنى سېلىپ بېرىپ، چارۋىچىلارنىڭ نۇرغۇن قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)